azmat520 iliktap

# ئادەملەر

(ھېكايە)

شەھەرنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان بۇ بازار، يەكشەنبە كۈندىن باشقا ۋاقىتتا خىلۋەت بىر قۇرۇق يەر خالاس، بۇنداق كۈنلەردە يولدىن ئۆتكەن يولۇچىلار پەقەت قويۇق دەرەخلىك ئارىسىدا بىردەم سايىداش مەقسىتىدىلا كىرمىسە، باشقا ئادەم بۇ يەرگە دەسسەپ ئولتۇرمايدۇ. پەقەت ناھايىتى ئىچكىرىسىدە كىچىك بالىلار توپ ئوينايدىغان بىر پارچە قاقاس يەردىنلا ۋاراڭ – چۇرۇڭ ئاڭلىنىپ قالىدۇ. ئەمما يەكشەنبە كۈنى بولسا، مۇشۇ بىر پارچە قاقاس «پۇتبول مەيدانى»مۇ بالىلارغا ئاشمايدۇ. چۈنكى يەكشەنبە بۇ يەرنىڭ بازار كۈنى. غۇلجىلىقلار بۇ يەرنى مال بازىرى دەپ ئاتىۋالغىنى بىلەن، بۇ يەر ئاللىقانداق قوي-كالا ساتىدىغان ئەمەس، بەلكى ئىت ئېلىپ-ساتىدىغان، ئىت تالاشتۇرىدىغان مەيدان. بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىت ئېلىپ-ساتالار ئەمەس، كۆپىنچىسى پەقەت ئىت تالاشتۇرۇش كۆرۈپ كۆڭلىنى ئاچقىلى كېلىدۇ. غۇلجىدىكى بىكار قالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ يەرگە يىغىلىدۇ. بۇغدىيىنى بېنەمگە تىرىپ قويۇپ، پىشقاندا ئورۇپ ئەكىلىۋالىدىغان غۇلجىلىقلارنىڭ تىرىكچىلىكتىن ئانچە غېمى يوق. دائىم مۇشۇنداق سورۇنلاردا كۆڭلىنى ئېچىپ يۈرىدۇ. ئۇلار بۇ ئىت تالاشتۇرۇشنىڭ قىمار تۈرىگە كىرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ھەر يەكشەنبە بۇ يەرگە بىر كەلمىسە، كۆڭلى چىدىمايدۇ. بۇ ئۇيۇنخۇمار غۇلجىلىقلارنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئىش. گەرچە

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

چوڭلار «قمار ئوينسا يامان بولىدۇ» دەپ تۇرسمۇ، خۇددىي «موللامنىڭ دېگىننى قىل، قىلغىننى قىلما!» دېگەندەك ، قاق سەھەردە بامداتتىن يېنىپلا بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇن ئېگىلەپ ئولتۇرىدىغىنى يەنە شۇ قېرىلار.ئۇلار ھەر نامىزىدا ئۆزىنىڭ قېرى جېنىغا ئاسان ئۆلۈم تىلىسىمۇ، بۇ ياقتا ئويۇن- تاماشا بىلەن كۆڭلىنى ئېچىپ يۈرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ يەرنىڭ بازىرى بامداتتىن يانغان قېرىلار بىلەن باشلىنىدۇ. بىرىنچى بولۇپ كەلگەن قېرىلار كۈن چىققاندا ئەڭ سالقىن چۈشىدىغان جايىنى تاللاپ ئولتۇرۇپ، موخوركىسىنى يۆگەپ پاراڭنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇندىن كېيىن كېلىدىغانلار سودا قىلىدىغانلار ــ مارازۇن، ئاشلانپۇڭ، ئۆپكە-ھېسىپ، گۆشنان...ساتىدىغانلار كېلىپ سودىنىڭ تەييارلىقىنى باشلىۋېتىدۇ. كۈن كۆتۈرۈلىشىگە ئەگىشىپ سودا قىلىدىغانلار تەييارلىقىنى پۈتتۈرىشىگە بۇ يەرگە ياشلار يىغىلىشقا باشلايدۇ. ئىتلىرىنى زەنجىر بىلەن باغلىۋېلىپ بىردە ئالدىغا، بىردە كەينىگە تارتىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە لۈكچەكتىن تالىپ باللارغىچە ھەممىسى بار. لېكىن بۇ يەردە ئۇلارنى ئايرىپ بولغىلى بولمايدۇ. ھەممىسىنىڭ چىرايىدا ئوخشاشلا بىر خىل خوشاللىق چىقىپ تۇرىدۇ. بىرەر- ئىككى سائەتكىچە ئادەم يىغىلغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ يەرنىڭ قىززىق بازىرى باشلىنىدۇ.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلەپ، قۇياش نۇرى قويۇق دەرەخ ئارىسىدىن ئۇيەر-بۇيەرگە شالاڭ چېچىلغاندا، بۇ يەردىكى ھەقىقىي ۋاراڭ-چۇرۇڭ باشلىنىدۇ. چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىن توپ-توپ بولۇپ كېلىۋاتقان كىشىلەر خۇددىي بىر ئورەككە يىغىلغان سۇدەك بۇ خالتا كوچىغا كەلگەندە ئەگىپلا كىرىپ كېتىدۇ. ئۇن مېتىرچە كەڭلىكتە كېلىدىغان بۇ خالتا

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا 3-4 ئادەم ياندىشىپ ماڭغۇدەك ئورۇن قالىدۇ. خالتا كوچىغا كىرى 300 مېتىردەك ئارلىقتا مانا مۇشۇنداق ئېلىپ-ساتارلار سەلدەك ئۇياق-بۇياققا قاتراپ يۈرىدۇ. ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدابويىنىدىن باغلانغان ئىتلار، بىر- بىرىنى كۆرسىلا ئېتىلىپ قاۋايدىغان بۇ ئىتلارنى باشقۇرۇش تەس .بەزىلىرى مۇشۇ يەردىلا چىشلىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق چاغدا ئېگىلىرى زەنجىرنى ئۇيان-بۇيان تارتىپ ئاجرىتىۋالمىسا، چاتاق ئىش چىقىشى مۇمكىن . ئىككى تەرەپكە باغلاپ قويۇلغان ئىتلار توختىماي قاۋايدۇ. يا بۇ ئىتلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويغىلى بولمىغان. بۇ يەرنى ئاۋت قىلىدىغىنىمۇ دەل شۇ قۇلاقنى يارىدىغان ئاۋازلار. بىر تەرەپتىن ئىتلارنىڭ قالايمىقان قاۋاشلىرى، بىر تەرەپتىن ئادەملەرنىڭ ۋارقىراشلىرى ، يەنە بەزىلەرنىڭ ھېچ كىشى بىلەن كارى يوق ھالدا ۋارقىراپ ناخشا توۋلاشلىرى كىشىنىڭ قۇلاق مېڭىسىنى يېسىمۇ، ھېچچى كىشى بىزارلىق ھېس قىلمايدۇ. ئەكسىچە مۇشۇ قالايمقانچىلىقتىن خۇشاللىق تاپالايدۇ. خالتا كوچىنىڭ 300مېتىر ئىچىدە بىر ئىت تالاشتۇرىدىغان جاي بار. مانا مۇشۇ يەر دەل بازارنىڭ كۆزى ، بۇ يەردە بەزىلەر ئىتنى تالاشتۇرۇپ پۇل تاپىدۇ، بۇ يەردىن ئىتنىڭ ھەر خىلىنى تاپقىلى بولىدۇ. بۆرە ئىت، ئاپشاركا، قازاق ئىت... ئىشقىلىپ كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىتلار بار. ئىت تالاشتۇرغۇچىنىڭ مەقسىدى پۇل تېپىشلا ئەمەس، شۇڭا ئۇلار مەنپەئەتى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. پەقەت بازار قىزىپ، كىشىلەر خوشال بولسىلا بولىدى.

مانا بۈگۈنمۇ ھاۋانىڭ ئىسسىق بولىشىغا قارىماي بۇ يەردە ئادەم ھەددىدىن زىيادە كۆپ. ھەممە ئادەم دېگۈدەك ئىت تالاشتۇرىۋاتقان

azmat520 iliktap

يەرگە يۆگۆرمەكتە.

-ھەي ، ئابدۇسالام بالام، ئۇ يەردىكى نېمانچە كۆپ ئادەم ئۇ؟

- ۋاي بوۋا، موخۇركىنى شوراپ ئولتۇرىۋەرمەي قوپ ئورنۇڭدىن، ئەتتىگەن بىر ئاپشاركا كىرىپتىكەن، تېخى ئۇنى يېڭىدىغان ئىت چىقمىدى. ھەممىسى شۇ يەرگە ماڭسا سەن قاپسەنغۇ بۇ يەردە.

-ھە مۇنداق دە، مانا ھازىر باراي، ئاۋۇ ئولتۇرغانلارنىمۇ چاقىرىۋالاي.

بوۋاي شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى قاقتى. باياتىن بېرى قوپقۇسى كەلمىگەن بۇۋاي ئەمدى پۇتلىرىغا جان كىرىپ يۆگۆرگىنىچە تام تۈۋىدە توپلىشىپ ئولتۇرغان قېرىلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جامائەت.

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھە ناسىر، قانداقراق ھوي، بايام نېمە ئۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرۇپ كەتتىڭ؟

-قارىسام خېلى ئىنلار تۇرىدۇ، شۇلارنى كۆزەتكەچ ئولتۇردۇم.

-خېلى ياخشى ئىتلار بار ئوخشىمامدۇ؟

-مەنغۇ كۆرمىدىم، ئاۋۇ ئابدۇسالامنىڭ گېپىچە بۈگۈن بىر ئاپشاركا كىرىپتىكەن، بەك يامان دەيدىغۇ ئۇنى. ھازىر شۇنى تالاشتۇرىۋېتىپتۇ. ھەر قايسلىرىنى چاقىراي دەپ كەلدىم.

- مۇنداق دە، بۈگۈن بازارنى سورايدىكەندە ئۇ ئىت.

-يۈرۈڭلار ئەمسە.

ئۇلار ئىت تالاشتۇرىۋاتقان يەرگە كەلگەندە ئويۇن ئاللىقاچان ئەۋجىگە چىققان ئىدى. كىشلەر ھەدەپ ۋارقىرىماقتا.

-چىشلە!!

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

-كارامەت!

-يامان يەردىن چىشلىۋالدى جۇمۇ! ياخشى!

-بارىكاللا!

-ئاۋۇ ئاپشارىكىغا تىكىتىم جۇمۇ.

-...

ئەتىگەندىن بېرى غەلبە قىلىۋاتقان بۇ ئاپشارىكا يەنە يەڭدى. ئۇنىڭ بىلەن تالىشىۋاتقان ئىت بولسا، قۇيرۇقىنى قىسقىنىچە ئادەملەر ئارىسىدىن ئېگىسىنى تېپىۋالدى. ئەسلى بۇ ئىتلار نەچچە ئايدىن بېرى بازار سوراپ كېلىۋاتقان ئىتلار ئىدى . مانا بۈگۈن ھەممىسى سۆڭەك چۈشكەن مۆشۈكتەك بولۇپ قالدى. مەيداندىن ئالقىش كۆتۈرۈلدى. ھەممىسى ۋارقىراپ ئىسقىرتاتتى.

-كارامەت!

-ھۇششەررە!

-مەن ئۇتتۇم!

-قاچتى...

غەلبە قىلغان ئاپشارىكا ئېگىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ تىلىنى چىقىرىپ ھەسرىگىنىچە ئولتۇردى. كىشىلەر تېخىمۇ توختىماي ۋارقىرايتتى، كىشىلەر ئارىسىدىن بويۇنلىرىنى غازنىڭ بويىندەك سوزۇپ ئويۇن كۆرۈۋاتقان قىرىلارمۇ ئىتنى ماختاپ كەتتى.

-كارامەت ئاپشارىكىكەنغۇ بۇ،

-تېخى يېڭىلمىدى دەيدىغۇ؟

-ئابدۇلنىڭ ئىتنى يېڭىۋالدى دېسە!

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

-قارا ناسر ، ئاۋۇ كىچىك بالىنىڭ ئىتىكەن ئۇ.

-كىچىك بالا؟ ۋوي، راستىنلا كىچىك بالىكەنغۇ. ئەستا، بازاردىكىلەر ئۇنى ئالداپ ئىتنى ئېلىۋالىدىغان بولدى-دە.

10-15 ياشلار قارىسىدىكى بۇ بالا ئىتنىڭ يېنىغا يۈگۈنۈپ ئولتۇردى ۋە ئىتنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى. قارىغاندا بۇ ئىت بىلەن تالىشىدىغان ئىت چىقمايدىغاندەك قىلاتتى، بالا ئىتنىڭ بويىندىن باغلاپ كىشىلەر ئارىسىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن كىشىلەر چىققىلى قويمىدى.

-يەنە بىر قېتىم تالاشسۇن.

-توختىنا ، ساقام ، يەنە بىر قېتىم.

كىچىك بالا ئىتنى باھانە قىلىپ ، چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

-ياق ، ئاكا ، ئىتىم ھېرىپ كەتتى، ھېلىمۇ خېلى يارلاندى...

شۇ ئارىدا قاۋۇل بىرى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ : « بولدى، خالايىق، بۇ ئىتمۇ ھېرىپ كەتتى، ئاران ئالدۇرمىسا بولمايدۇ. ھېلىمۇ خېلى قىززىتتى بازارنى، ئەمدى كېلەر يەكشەنبە بولسۇن ھە! » دەپ ۋارقىرىدى ۋە ھېلىقى بالىنىڭ يېنىغا كەلدى.

-يۈر ساقام، ساڭا ئايرىم دەيدىغان گەپ بار.

-ماقۇل.

ئۇ ئىككىسى ئىتنى يېتىلەپ كىشىلەر ئارىسىدىن چىقىپ ، سېتىقچىلار تەرەپكە كەتتى. قالغان كىشىلەر غۇتۇلداشقىنىچە تاراپ كەتتى.

- ھەجەپ چاققان چىتى-ھە ، مۇنۇ غېنى دېگەن شۇم

-باشقا ۋاقىتتا جىم يۈرگەن بىلەن ، بۇنداق پۇرسەت كەلگەندە يامان گۆي ئۇ.

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

azmat520 iliktap

-شۇنى دەيمەن، ئەمدى ئۇ ئىتنى چوقۇم ئالماي قويمايدۇ.

-كۆرىمىز كېلەر ھەپتە بارات تاز كەلگەندە كۆرگىلىكى بار ئۇنىڭ. شۇ ۋاقىتتا نوچىلىقىنى كۆرىمىز.

-بۈگۈن نېمىشقا كەلمىدى ئۇ بارات تاز.

-ئەمدىلا تويىنى تۈگىتىپ ، بازارغا كېلىۋالسا بولماس.

ھە ، مۇنداق دە.

بارات تاز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇ بازارنى سوراپ كېلىۋاتقان بىر لوكچەك . ئۇنى كۆرگەن ھامان قاچىدىغانلارمۇ بار. ئەلۋەتتە ئۇلار باراتتىن تاياق يەپ بۇرنىغا سۇ كىرگەنلەر. ئۇ باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا ئانچە قاۋۇلمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ ھەيۋىسى پەقەت چىرايىدىلا، ھەمىشە قارا بولۇتتەك تۈرۈلۈپلا تۇرىدىغان چىرايى ئۇنى بەك سۈرلۈك كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بارات بۇ بازارنى ئۆزى سورىمايدۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئوندەك قول چوماقچىلىرى بار. «ھايت!» دېسىلا، كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇرۇپ ياتقۇزىۋېتىدۇ. شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ قېلىشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، سايىسىدا ياشايدىغانلارمۇ بار. بۇ بازاردا ئۇلارنىڭ گېپى گەپ.

غېنى كىچىك بالىنىڭ ئىتىغا ھەۋەسلىنىپ قارىغىنىچە سېتىقچىلار تەرەپكە ماڭدى.

-ئىسمىڭ نېمە ساقام؟

-ئەكرەم.

-ئۆيۈڭ نەدە؟

-كۆككۆرۈكتە.

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

azmat520 iliktap

-ھە ، مېنىڭ ئۆيۈم ئايدۆڭدە. قانچە ياشقا كىردىڭ بۇ يىل؟

-سەككىزىنچى ئايدا 16گە كىرىمەن.

-ھە ، يۇر ئاۋۇ مىرزىنىڭ ماراژۇننى يېگەچ پاراڭلىشايلى. ئۇسساپ كەتتىم.

-مەنمۇ شۇ.

ئۇلار مىرزەكپەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ ماراژۇنى بۇ بازارغا داڭلىق. ھەممىسى ئۇنى مىرزى دەپ چاقىرىدۇ.

-ماراژۇندىن ئىككىنى كەلتۈرە ئاداش، ئەجەپ ئۇسساپ كەتتۇق.

-ماقۇل ، ھازىرلا!

بۇ بازارنىڭ چىققى چۇش ئاپتىپىدا چاڭقاپ كەتكەنلەرگە مىرزىنىڭ ماراژۇنى «تەنگە داۋا، روھىڭغا شىپاھ» دېگەندەك بىر دورا بولۇپ قالدى. ھەر يەكشەنبە كۈنى بازارغا ماراژۇن ئۈچۈن كېلىدىغانلارمۇ بار. بەزىلەر ئەتىگەندىن كەچكىچە ماراژۇن ئالدىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرىۋېلىپ كەتمەيدۇ.

-بايام بازار سورىغان ئىت مۇشۇغۇ-ھە!- دەپ سورىدى مىرزى-پەيلى يامان ئىتكەنغۇ بۇ.

ھە ، دەل شۇ، بۇ يەردە ماراژۇن سېتىپ يۈرۈپ سەنمۇ ئىت تونۇيدىغان بولۇپ كەتتىڭ ھە!

-كۆزى پىشىپ قالىدىكەن ئادەمنىڭ، نەدە ئاشۇ ئۇياق-بۇياقتا تاشلىنىپ، ھەيۋە قىلىپ قاۋايدىغانلىرى بىر مەيداندىلا قۇيرىقنى قىسىدۇ. بايام قارىسام ماۋۇ ساقامنىڭ ئاپشاركىسى كارامەت يەڭگىل قەدەملەر بىلەن كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

azmat520 iliktap

- ۋوي ، بازارنى خېلى چۈشنىپ قاپسەن ھە!

-ھەئە، مانا ئىككىڭلارنىڭ مارازۇنى. ئاۋۇ ئىنقىمۇ بىرەيمۇ يا.

-ھاھاھا، باياتىن بىرى كاللاڭ شۇنىڭدىكەندە؟

-نىمىلا بولمىسۇن ئىچىم ئاغرىپ قالدى. بىچارە يارىسىنى يالاپ ياتىدۇ ئەنە. ئازراق بولسىمۇ ئۇسسۇلۇق ئىچىۋالسۇن.

ئۇ ئىتنىڭ ئالدىغا تەخسە قويۇپ سۇ قۇيۇپ بەردى.

-ساخاۋەتكە دەپ، بۇ يەرگە تەخسىمۇ ئەكىلىۋاپسەن ھە.

-مۇشۇنداق يەرلەردىن ساۋاپ ئوغۇرلىمامدۇق.

-ھاھا! ساۋاپ ئىزدىسەڭ بۇ يەرگە خاتا كېلىپ قاپسەن ئەمسە.

-سىلەر ئالمىغان ئاشقان-تاشقان ساۋاپنى تېرىپ يۈرىمەنغۇ مانا.

-ھاھاھا! گەپكە ئۇستا جۇمۇ سەن — غېنى كۈلۈپ كەتتى، ئارقىدىن ئەكرەمگە قاراپ- يەرە ساقام، يېگەچ پاراڭلىشىمىز. ئىتنى ساتىدىغانلىغا ئەكەلگەنسەن ھە؟

-ھەئە، ئەسلى ساتقۇم يوق ئىدى. دادام «يوقات بۇنى، ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ» دەپ تويغۇزىۋەتتى.

-ئىتنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ-دە، ئىتنىڭ قىممىتى مۇشۇ بازاردىلا بار. مۇشۇ ئىتنىڭ بار ئۆيگە پەرىشتە تۇرماق ، ئوغرىمۇ كىرەلمەس ھە.

-راست دەيسەن، ئازراقلا شەپە ئاڭلانسا قاۋاپ، دادامنى زېرىكتۈرۈپتۇ.

-ھە... نەچچە پۇلغا ساتماقچى.

-500سوم ئەتراپىدا بولسا بولار.

-500! بەكلا ئۆرە باھا قويىۋالدىڭغۇ!

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

azmat520 iliktap

-لېكىن ، بايام كارامىتىنى سەنمۇ كۆردۈڭغۇ.

-شۇنداقتىمۇ دەيمىنا، مۇنداق بولسۇن، 300سوم بېرىپلا مەن ئېلىپ قالاي .

-بولمايدۇ ئاكا، كىچىكىدىن ئۆزەم باققان ئىت بۇ . 500 دىن كەم ساتمايمەن.

-ئەستا، ئەمسە سەنمۇ 100سوم چۈش ، مەنمۇ قاتاي ، 400 بولسۇن ، قانداق؟

ئۇ شۇنداق دەپ قولنى يانچۇقتا ئۇزاتتى. ئەكرەم بېشىنى تاتىلىغىنىچە:

-بۇنداق بولسا بولمايدۇ، ئاكا ، خاپا بولما، بۇ باھاغا ساتالمايمەن.

—دېدى.

-ئەجەپمۇ جاھىلكەنسەن، كېلەر ھەپتە بارات تاز كەلسە، پۇل بەرمەيلا بۇلايدۇ. جاھىللىق قىلما.

ئۇلار باھانى ئۇياقتا تارتىپ-بۇياقتا تارتىپ 450 سومغا كېلىشتى.

-رازى بول ئەمسە ساقام.

-بولىدۇ .مەن رازى ، ئېلىك مانا — دەپ زەنجىرنى تۇتقۇزدى-بىراق ... بۇ ئىتقا كۆڭۈلپلا قاپتىكەنمەن، بولدى، خوش ئەمسە.

ئۇ ئىتنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ يولغا راۋان بولدى. كەينىگە قاراپ-قاراپ قويۇپ كوچىدىن چىقىپ كەتتى. ئىتمۇ ئېگىسىنىڭ ئالاشقانلىقىنى بىلدى بولغاي، غىڭنىڭ ئۇيەر- بۇيەرلىرىنى پۇراپ بېقىپ، يەنە جىم ياتتى.

-كۆڭگەن ئىتكەن ھە!

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

-ھەئە ، قارىماسەن جىم ياتقىنىنى، ئەمدى بازارنى مۇشۇ سورايدۇ.

-ئەتە-ئۆگۈن باراتتىنىڭ كۆزى قىزىرامدىكىن.

-نېمىشقا؟ ئۇنىڭ نېمە ھەققى باركەن بۇ ئىتتا؟

-نەچچە ۋاقىتتىن بېرى، شۇنىڭ ئاپشاركىسى بازار سوراپ كېلىۋاتسا، ئەلۋەتتە ئاچچىقى كېلىدۇ-دە، قاراپ تۇر. ئۇ چوقۇم ئۆكتەملىك قىلىدۇ.

-ياق، ئۇنداق قىلالمايدۇ- دېدى غېنى ئورنىدىن تۇرۇپ- مەنمۇ ئەمدى كېلەر ھەپتە كېرەي، بۇ جانىۋارنى ئۆيگە ئاپىرىپ تازا ئارام ئالدۇراي. كېلەر ھەپتە كۆرىشىلى ئەمسە.

-ماقۇل، خۇدايىمغا ئامانەت.

بىر ھەپتە ئۆتۈپ بازار كۈنى يەنە كەلدى. بۈگۈن ئادەم ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىدى . ئالدىنقى ھەپتىدىكى تالاشتۇرۇشنى كۆرۈپ ، بۈگۈن تېخىمۇ قىززىيدۇ، دەپ پەرەز قىلغان ئاما بۈگۈن ئەتىگەندىلا بازارغا كېلىۋالغان ئىدى. غېنىمۇ ئەتىگەندىلا كەلدى. ئىتنى ياخشى باققاچقىمىكىن، تۈكلىرى پارقىراپ روھلۇق كۆرۈنەتتى.

-ئىتنى كارامەت بېقىپسەندە غېنى-دېدى مىرزى- تۈكلىرى پارقىراپ كېتىپتىغۇ.

-ۋاي ئۇنى بىر دېمە، تاماقنى بىزدىن ئوبدان يېدى بۇ. شۇ باققانغا چۇشلۇق بۈگۈن سورىسا بولاتتى بازارنى.

-بۈگۈن بازارنى يا بۇ ئىت سورايدۇ، يا بارات تاز سورايدۇ.

-بارات كەلدىما؟

-ئەتىگەندىلا كىرىپ كەتكەن. تالاشتۇرۇش باشلىنىپ بولدى .

Azmat520

azmat520 iliktap

-مەنمۇ بىرىپ كېلەي ئەمسە، سەنچۇ؟

-مەن كەتسەم، زىياننى سەن تۆلەمسەن؟ مارازۇننى ئاۋۇ ئاپشاركا ساتامتى يا.

- بىرەر شاگىرت ئالساڭ بولغىدەك ئەمدى.

-ئىزدەۋاتىمەن ، ھەممىسى ئويۇنقىيى ، قولدا توختىنغۇدەك بىرەرسىنى تونىساڭ «ھايت» دەۋەتكەرسەن.

-چاتاق يوق.

غېنى ئىت تالاشتۇرۇۋاتقان يەرگە كىرىپ، بويىننى سوزۇپ قاراپ تۇردى. دېگەندەكلا بارات تاز ئىتىنى تالاشقا سېلىپ قويۇپ، كەينىدىن ھەدەپ ۋارقىراۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىتىمۇ باراتقا ئوخشاشلا رەھىمسىز ئىدى. كەلگەن ئىتنىڭ ھەممىسىنى چىشلەپ-تالاپ قاچۇراتتى. مانا بۇ ئىتنىمۇ بىردەمدىلا تالاپ ياتقۇزۇپ قويدى. ھەممەيلەن ۋارقىراپ كەتتى.

-بارىكاللا!

-يەنە يەڭدى.

-ياشاپ كەت!...

بارات كېلىپ ئىتىنىڭ بويىندىن باغلىدى ۋە ئەتراپقا قاراپ:

-يەنە بارمۇ؟ تالىشالايدىغان ئىت يەنە بارمۇ؟-دەپ ۋارقىرىدى.

ھەممە ئادەم جىمىپ كەتتى. ئۇيان-بۇيان قاراپ باقتى. شۇ ئارىدا غېنى كىشىلەر ئارىسىدىن چىقىپ «بار» دەپ ۋارقىرىدى. ھەممە ئادەم غۇدۇڭشىپ كەتتى.

-ئالدىنقى ھەپتە بازار سورىغان ئىت شۇغۇ.

-غېنى ئاخىر ئاپتۇدە ئۇنى.

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

-ئويۇننىڭ قىزىغى ئەمدى چىقىدىغان بولدى.

-باراتنىڭ ئىشىمۇ بوش ئەمەس، ئاۋۇ ئىت ئۇنىڭدىن بەتتەر...

-...

باراتنىڭ ئاۋازى چىقىشى بىلەن ھەممەيلەن يەنە جىمىپ قالدى.

-ئالدىنقى ھەپتە بازار سورىغان ئىتنى سىنى ئالدى دەۋاتاتتى. مۇشۇ شۇ ئوخشىمامدۇ؟

باراتنىڭ ئاۋازى ناھايىتى بوم چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مەيدىسى ئوچۇق ھالىتى ئادەمنى شۈركەندۈرەتتى.

-دەل شۇ، قاراپ تۇر، سىنىڭ ئىتىڭنىمۇ يېڭىدۇ. باشلىدۇق ئەمسە.

-توختا! - دېدى بارات — سەن بۇ ئىتنى ماڭا سېتىپ بەر.

تۇيۇقسىز دېيىلگەن گەپتىن غېنىنىڭ غۇززىدە ئاچچىغى كەلدى.

-ئەگەر سىنىڭ ئىتىڭ مېنىڭكىنى يېڭەلىسە، ساڭا نەق مەيداندا ساتىمەن. ئوغۇل بالا، چوقۇم ساتىمەن. ھەممەيلەن گۇۋاھ بولسۇن، ئاۋال تالاشتۇرايلى، ھەممىسى شۇنى كۆرمەكچى ، شۇنداقمۇ خالايىق!

«توغرا» ، ھەممە ئادەم باراتقا قارشى چىققاندەك تەڭلا ۋاقىرىدى.

بارات گەپ قىلالماي قالدى. خۇددى كۆڭلىگە بىر غوم پۈككەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى-دە «باشلىدۇق» دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئەمدى خېلى تۆۋەن چىقىۋاتاتتى. ئىتلار قويۇپ بېرىلىشى بىلەنلا تالىشىپ كەتتى. ۋاراڭ-چۇرۇڭ قايتىدىن باشلاندى.

-چىشلە!

-كارامەت!

-ياخشى...

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ھەممە ئادەم ھەر نېمىلەرنى دەپ ۋاقىرىدى. ئىككى ئىت بىر-بىرىدىن قېلىشماي تالىشىشتى. 10مىنۇتچە تالىشىپ ئاخىر غېنىنىڭ ئاپشاركىسى بىر چىشلىۋېدى. باراتنىڭ ئىتى غىڭشىغىنىچە قاچتى. ئىككىسى ئىتلىرىنى تۇتىۋالدى. مەيداندىن قىقاس چۇقان كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر بىر تەرەپتىن ئويۇننىڭ قىزىغانلىقىدىن خوشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن باراتنىڭ ھەيۋىسىنىڭ سۇنغانلىقىدىن خوشال بولۇپ ئىسقىرتاتتى، ۋاقرايتتى. لېكىن باراتنىڭ ھۆركىرەپ ۋاقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ مەيداننى يەنە جىمجىتلىق باستى.

-غېنى، خوشال بولۇپ كەتمە، ئەتىگەندىن بېرى مېنىڭ ئىتىم نەچچە ئىت بىلەن تالىشىپ ھېرىپ قالدى، شۇڭا يەنىلا مەن يەڭدىم، ئىتنى سېتىپ بەر!

-ھەممە ئادەم باراتتىن نارازى بولسىمۇ، غىڭ قىلالمىدى. ھەممىسىنىڭ دىققىتى غېنىنىڭ ئاغزىدا ئىدى.

-نېماندا ئۆكتەم نېمە سەن- ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى توم چىقتى- مەن ساڭا دېگەن ئىتنىڭ يەڭسە بېرىمەن دەپ، ئەمدىلىكتە خوتۇن كىشىدەك مۇشۇ گەپنى قىلىۋاتامسەن؟ بايام ئاناڭنىڭ يېنىدا قالغانمىدىڭ؟

ئۇنىڭ گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەندى. كۆپچىلىك ئادەتتە مۆمىن يۈرىدىغان بۇ قامەتلىك يىگىتنىڭ گېپىدىن سۆيۈنمەكتە ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ خېلى-خېلى ئادەمدىن قالمىغۇدەك بوي-بەستى بولغان بىلەن، ھەمىشە كۈلۈپلا ئۆتەتتى. ئەزەلدىن بىرەرى بىلەن گەپ تالىشىپ باقمىغان ئىدى. بارات خۇددى ئۇركىگەن كالىدەك ئالدىغا تاشلاندى. غېنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغىدى، كەينىدىنلا چوماقچىلىرى يۈگۈرۈپ

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

azmat520 iliktap

كەلدى.

-غېنى! كىمگە گەپ قىلىۋاتىسەن، ئۇرۇشقۇك بار ئۇخشىمامدۇ؟ ياخشىلىقچە ئۆزۈڭنى بىلىۋال!- دەپ ھۆركىرىدى.

غېنى قىلچە تەمتىرىمەستىن ۋارقىرىدى:

-كىمگە گەپ قىلاتتىم؟ بىر چىدىماس خوتۇنغا گەپ قىلىۋاتىمەن، سوقاشنى ئۆزەڭ تاپىنىڭ. ئاۋال ئاۋۇ چوماقچىلىرىڭنى يوقات، ئاناڭ سىنى ئوغۇل دەپ تۇغقان، يەكمۇ-يەك ئېلىشىمىز!

بارات كەينىگە بۇرۇلۇپ چوماقچىلىرىغا شەرەت قىلدى. ئاندىن تۇيۇقسىزلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ غېنىغا مۇشت ئاتتى. مۇشت دەل غېنىنىڭ بۇرنىغا تەگدى. خالايىق تۇيۇقسىزلا باشلانغان سوقاشنى كۆرۈپ تەۋرەپ كەتتى.

غېنى بۇرنىدىن ئوخچۇپ چىقىۋاتقان قاننى كۆرۈپ خېلى قىززىدى بولغاي مايكىسىنى سېلىپ يەرگە ئاتتى. بارات يەنە يېقىن كېلىپ مۇشت ئېتىۋىدى، غېنى چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇردى. بارات تەڭپۇڭلۇق ساقلىيالماي ئالدىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. بېشىنى كەينىگە بۇرىشىغىلا غېنىنىڭ مۇشتى ئۇنىڭ كۆزىگە تەگدى. بارات يەرگە يىقىلىپلا يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ خۇددى غالجىرلاشقان ئىتتەك غېنىغا ئېتىلدى. غېنى ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن بېشىنى قاچۇردى ۋە تەڭ ۋاقىتتا باراتنىڭ بېلىدىن چاڭگاللاپ بېشىدىن ئاتلاندۇرۇپ كەينىگە ئاتتى. خالايىق تەڭلا «باريكاللا!» دەپ ۋارقىرىدى، بارات ئاران تەسلىكتە تۇرۇپ غېنىغا قايتا ئېتىلىپ كېلىپ مۇشت ئاتتى. سەل تاماق يەپ كەتكەچكە مۇشتنى جايىغا ئاتالمىغاننى ئاز دەپ ، ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ مۇشت يەپ يەرگە يىقىلدى.

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

خالايىق تەڭلا ۋاقىراپ كەتتى.

-بارىكاللا!

-ئاتاڭغا رەھمەت!

-ئوغۇل بالا!

-ياخشى ئۈردۈڭ!

-...

خالايىق بىر ھازاغىچە ۋاقىراپ توختىمىدى. ئاڭغىچە بىرەيلەن بىر چېلەك سۈنى ئەكىلىپ يەردە ياتقان باراتنىڭ ئۈستىبېشىغا چاچتى. بارات بېشىنى كۆتۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە ئاران ئولتۇرۇۋالدى. غېنى كېلىپ باراتقا قولىنى ئۇزاتتى.

--- قانداق ئاداش، ئەمدى ياخشى بوپقالايلى، بۇ بازارنى يا سېنىڭ داداڭ سېلىپ بەرمىگەن بولغاندىن كېيىن ئۈنچىلا ئۆكتەملىك قىلمىساڭ بولاتتى. غوجامنىڭ غوجىسى بار . ئەمدى سەنمۇ ئادەم بولغىن.

بارات غېنىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىۋېتىپ ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى. ھەممە ئادەم چاۋاك چېلىپ كەتتى. غېنى ئۇنىنى يېتىلەپ توپ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى .

-يائاللا، ماۋۇ غېنىنىڭ قولىنىڭ ئىچىدە قولى باركەن ھە!

-باراتنىڭ ھەيۋىسى سۇندى ئەمدى.

-ئەمدى ئۆكتەملىك قىلالمايدۇ ئۇ بارات تاز.

-ئەمدى غېنىمۇ، ئىنىمۇ بازار سورىسا، تازا كەپتۇ ھە.

-ئەمدى قانداقراق بازار سورا ئۇ.

-غېنى ياخشى بالا ئۇ.

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

-...

غېنى ئىتنى يېتىلەپ يەنە شۇ مىرزىنىڭ يېنىغا كەلدى.

-ئاداش ، چۈگۈنۈڭنى ئاله.

-ۋوي ، نېمە بولدى؟ ئىتتىن بەكرەك قانغا مىلىنىپ كېتىپسەنغۇ؟

-بارات بىلەن تۇتۇشۇپ قالدىم.

-هە!...مانا چۈگۈن . ئاخىرى قانداق بولدى؟

-جاجىسىنى يېدى ئۇ ئۆكتەم.

-ۋاھ! ھەيۋىسى سۇنۇپتىدە ئۇنىڭ، بازار ئۇمدى جايىغا چۈشىدىغان بولدى.

-خۇدايىم بۇيرىسا- دېدى غېنى ئۇھ تارتىپ قويۇپ – مارازۇنىدىن ئازراق بېره ئاداش، ئۇسساپ كەتتىم.

غېنى قولىغا مارازۇننى ئېلىپ، ئەمدى ئېغىز تېگىشكە بىر نەچچەيلەن غېنىنىڭ بايام تاشلىۋەتكەن كىيىمىنى ئېلىپ كەلدى.

-بارىكاللا غېنى، باراتنى قالتىس سالدىڭ جۇمۇ. قوپە، بۈگۈن سېنى بىز مېھمان قىلىمىز. بىرەر ئاشخانا تاپايلى.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى باراتنىڭ سايىسىدا ياشاپ يۈرگەن بۇ «يۇملاق تاۋۇز»لار ئەمدىلىكتە بىر پىرقىراپلا غېنى تەرەپكە ئۆتكەندەك قىلاتتى.

-بولدى ئاغىنىلەر، رەھمەت- دېدى غېنى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ- ئۆيگىلا بېرىپ تاماق يەت. مىرزىنىڭ مارازۇنى بولسىلا بولدى ماڭا.

غېنى شۇنداق دەپ بازاردىن ئايرىلدى. بايامقى «يۇملاق تاۋۇز» لار بىر-بىرىگە قارىشىپ مۈرىسىنى قىسىپ قويۇشتى.

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

-قارىغاندا قۇيرۇقنى تۈتقۇزمايدىغان ئوخشايدۇ.

-...

ئاپتور : ئەزمەت520
ئېلكتاپ ئىشلىگۈچى:ئەزمەت520

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com